# 100 يىلدىن بۇيان ياش قەلبلەر پارتىيەگە تەلپۈندى يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلاندى

## —— جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

ۋاقىت بوشلۇقى، 100 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قايتىش ——

1919 - يىلى، پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپكە قىلچە پەسەنت قىلماي، مەغلۇپ بولغان دۆلەت گېرمانىيەنىڭ شەندۇڭدىكى «ھوقۇق - مەنپەئىتى»نى ياپونىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلىندى.

«تاشقى جەھەتتە ئىگىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرەيلى، ئىچكى جەھەتتە ۋەتەن ساتقىنلىرىنى يوقىتايلى» «21 ماددا بىكار قىلىنسۇن» «چىڭداۋنى قايتۇرۇۋالايلى»... 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بېيجىڭدىكى نەچچە مىڭ ئوت يۈرەك ياش ئوقۇغۇچى غەزەپ ساداسىنى ياڭراتتى. ئارقىدىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر بەس - بەستە مەدەت بەردى، بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۈرەش سېپىگە قېتىلدى. باھار گۈلدۈرمامىسىدا، شەرقتىكى ئۇيقۇدا ياتقان شىر ئازابلىق تولغىنىپ چۆچۈپ ئويغاندى!

4 - ماي ھەرىكىتى خۇددى كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتكەن چاقماقتەك جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى، شۇنداقلا جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ھەيۋەتلىك 100 يىللىق شانلىق سەھىپىسىنى ئاچتى.

### يەنە ئېگىز چوققىغا چىقىپ يىراققا نەزەر تاشلاش —— ئىلىم - پەن ئىدىيەسىنى تارقىتىش

ياشلار دەۋرنىڭ بەلگىسى بولغان ئەڭ سەزگۈر بارومېتىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئالاھىدىلىكى سەۋەبلىك كۆزنىتىشتە تىرىشچان، تەپەككۇرى جانلىق، ئاسانلا يېڭى ئىدىيە پەيدا بولىدۇ، يېڭى ئىدىيەنى قوبۇل قىلىدۇ، يېڭى ئىدىيە تارقىتىدۇ.

100 يىل ئىلگىرى، جۇڭخۇا مىللىتى ئىچكى ئەنسىزلىك ۋە سىرتقى تاجاۋۇزچىلىق تۈپەيلىدىن، قەدەم ئېلىشتا قىينىلىپ، ئېغىر قەددىنى پۈكۈشكە مەجبۇر بولدى، ياشلارنىڭ چۇقانلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى.

«ياشلىق خۇددى باش باھارغا، ئەتىگەنكى قۇياشقا، گۈل - گىياھلارنىڭ بىخ چىقىرىشىغا، يېڭىدىن بىلەنگەن خەنجەرگە ئوخشاش بولۇپ، كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك مەزگىلدۇر. ياشلىق جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئادەم بەدىنىدىكى يېڭى، جانلىق ھۈجەيرىلەرگە ئوخشايدۇ»... 1915 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان «ياشلار ژۇرنىلى»دا، قايناق ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بىر ئابزاس خەت كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى. «ياشلارغا مۇراجىئەت» تېمىسىدىكى تۇنجى نەشر كىرىش سۆزىدە، چېن دۇشيۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياشلارنىڭ مۇھىملىقىنى مەدھىيەلەپ، ياشلارنى «ئاڭلىق ھالدا يېڭى، جانلىق قىممىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش»قا دەۋەت قىلىپ، ياشلارنى «ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتۇپ، چىرىپ كاردىن چىققان مەغلۇبىيەتچىلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە چەتكە قېقىش»قا سەپەرۋەر قىلدى.

لى داجاۋ، لۇ شۈن قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگودا كۆلىمى مىسلىسىز بىر مەيدان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى داغدۇغىلىق كېڭىيىپ، دېموكراتىيە ۋە ئىلىم - پەن ئىدىيەسى تەدرىجىي كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ياش بىر ئەۋلادلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش ئېڭىنى مەنىۋى تەرەككە ئىگە قىلدى.

رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگوغا ماركسىزمنى يەتكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈچۈن يېڭى بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلدى.

1920 - يىلى، جېجياڭ يىۋۇنىڭ فېنشۇيتاڭدىكى بىر كەپە ئۆيدە، غۇۋا شام نۇرى ئاستىدا، ئەمدىلا ياپونىيەدىن قايتىپ كەلگەن بىر ياش پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھەربىر سۆز - ئىبارە ئۈستىدە قايتا - قايتا باش قاتۇرۇپ، چەت ئەل يېزىقىدىكى بىر كىتابچىنى بىر خەت، بىر جۈملىدىن چاسا شەكىللىك خەنزۇچە يېزىققا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى زۇڭزىنىڭ سىياھقا چىلىنىپ قالغانلىقىنى قىلچە سەزمەي، يەنە ئانىسىغا: «ئەجەب تاتلىق ئىكەن» دېدى.

ئۇنىڭ ئىسمى چېن ۋاڭداۋ بولۇپ، تەرجىمە قىلىۋاتقان كىتابچە «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئىدى. ئۇ تەخمىنەن بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەرجىمىنى تۈگىتىپ، تەرجىمە ئارگىنالنى قەغەز خالتىغا قاچىلىماقچى بولغاندا، دەل ھۆل - يېغىن مەزگىلى بولۇپ قالغانىدى.

يەر يۈزىدە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، يېڭى ھاياتلىق باشلانغانىدى. مىللەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ھەقىقىتى ياشلار ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ، ئاشۇ «كوممۇنىزم روھى» جۇڭخۇا زېمىنىدا توختاۋسىز ئايلىنىپ يۈرۈشكە باشلىدى. يېڭى بىر باھار يېتىپ كەلدى!

تۆمانلىق سىم - سىم يامغۇر ئىچرە، جۈشىڭ كۆركەم ئىمارەتنىڭ سۇغا شولىسى. بىر يىلدىن كېيىن، بىر قىزىل كېمە جياشىڭدىكى نەنخۇ كۆلىدە ئاستا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، كېمىدىكى ياشلارنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، نەزەرى پۈتۈن جۇڭگوغا ئاغدۇرۇلغانىدى.

يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇنەۋۋەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنى ئىزچىل دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈپ مىزانغا ئايلاندۇردى، شۇنداقلا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلارنى ئىلىم - پەن نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئالغا بېسىش ئىدىيەسىنى تارقىتىش، كىشىلىك ھايات يۆنىلىشىنى چېكىتىشقا يېتەكلىدى.

«بىز ياشلار ۋەكىللىرى قايتقاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ياشلارغا —— يېزىلار، زاۋۇتلار، شەھەرلەر، ئازاد رايونلار، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى ياشلارغا قۇرۇلتىيىمىزنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ياشلار ئاممىسىنى بىزگە ئەگىشىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەشكە سەپەرۋەر قىلىمىز ۋە قولغا كەلتۈرىمىز. بۇ جەھەتتە، ماۋ زېدۇڭ بايرىقى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى چاقىرىقىمىز.» 1949 - يىلى 5 - ئايدا، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار 1 - قۇرۇلتىيى تەشەببۇس چىقاردى.

كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى زادى نېمە؟

1980 - يىلى، «جۇڭگو ياشلىرى» ژۇرنىلىدىكى «پەن شياۋنىڭ سوئالى»دىن كېلىپ چىققان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسى چوڭ مۇلاھىزىسى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمىزدە ياڭراپ، شۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، باراۋەر پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشتەك كوللېكتىپنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى كۈرەش نىشانىدىن ئادىششىتەك «يېشىلمەس تۈگۈن»نى يېشىپ بەردى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى ھەرىكەت كۆرسەتمىسىگە ئايلاندى. «سەككىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش» «14تە چىڭ تۇرۇش»... يېڭى ئىدىيەسىنىڭ لوگىكىسى پۇختا، سىستېمىسى زور، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس.

«ياشلار چوڭ ئۆگىنىشى» ھەرىكىتى ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى، «باش شۇجىدىن ئۆگىنەيلى» چاتما قىسقا فىلىمى، «تۆۋەن سىزنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ» ئۈندىدار مەخسۇس سەھىپىسى، توردىكى باش تېمىلىق ئىتتىپاق دەرسلىكى، ياش لېكتورلار ئۆمىكى، ياشلار كۇرسى... ھازىرقى زامان ياشلىرى ئەڭ «مودا» ئۇسۇللار بىلەن ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئۆگەندى، چۈشەندۈردى، تارقاتتى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېڭى ئىدىيە ئىنتايىن «كۆز قاماشتۇرىدۇ».

بەھۇزۇر ئۆزدۆم دولقۇن مەۋج ئۇرغان شياڭجياڭدا، يىراققا نەزەر سالدىم چىقىپ يەنە يۆلۈشەنگە. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان 170 نەچچە يىلدىن ئارتۇق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگودا ماركسىزم دۆلەت ئەھۋالى، جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭ ئالغا بېسىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى، ئىجادكارلىقى، چاقىرىق قىلىش كۈچىنى ئۇرغۇتتى. جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى تارىخى ئوخشاشلا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلار پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكلىشىدە، كۆزنى ئېچىپ دۇنياغا نەزەر سالدى، ئىدىيەنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يامىشىشقا جۈرئەت قىلدى.

### خۇاشيادا تۇغۇلغىنىمغا پۇشايمىنىم يوق —— ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرۇش

«دۆلەت مۇنقەرز بولدى! قېرىنداشلار قوزغىلايلى!»

بۇ، 100 يىل بۇرۇنقى شۇ مەيدان ياشلار ھەرىكىتىدە، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ جېنىنى تىكىپ توۋلىغان شوئارى، شۇنداقلا ئاشۇ خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغان دەۋردىكى ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ئىرادىلىك كىشىنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس چۇقانى.

ياش ئوقۇغۇچىلار شوئار توۋلىغان ئاشۇ پەيتتىن باشلاپ، 4 - ماي ھەرىكىتىگە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلدى، 100 يىل ئىچىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يادرو قىلغان 4 - ماي روھى ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلارنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقىلار كېيىنكىلەرنىڭ ئىزىنى بېسىشقا ئىلھاملاندۇردى.

—— 30 - ماي پاجىئەسىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى «پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق خەلق ئاممىسى ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلارنى يوقىتايلى!» دېگەن جەڭگىۋار شوئارنى چىقاردى.

—— خەلق بۈيۈك ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان نۇرغۇن ياش ئوقۇغۇچىلار، ياش ئىشچىلار، ياش ھەربىيلەر قەتئىيلىك بىلەن يېزىلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئىنقىلابىي تايانچ بازىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش كۈرىشىگە قاتناشتى.

—— 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئەڭ خەتەرلىك پەيتكە دۇچ كەلگەندە، دېھقانلار ئوتىغۇچلارنى كۆتۈردى، ئىشچىلار بازغانلىرىنى ئويناتتى، ئۇلار ئاڭلىق ھالدا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ «دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېگەن ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى نامايان قىلدى.

مىللەتنىڭ تارىخ سەھىپىسنى ۋاراقلىساق، قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا سان - ساناقسىز شانلىق ئىسىملار قالدۇرۇلدى، دەل مۇشۇ ۋەتەننىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرى ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى قۇياشىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

«ئۇرغۇپ تۇرغان قەھرىمانلار جاسارىتى، مىڭ يىللاردىمۇ يەنىلا ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.» ئۇرۇش يىللىرىدا، ياش قەھرىمانلار بارلىقنى مىللەتنىڭ ھەققانىيەت ئىشلىرىنى قوغداشقا ئاتىدى. تىنچلىق يىللىرىدا، ۋەتەننى سۆيۈش تېخىمۇ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولدى ھەم ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلدى.

1981 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېچىدە، رادىيودىن جۇڭگو ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسىنىڭ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرغانلىق خەۋىرى تارقالغاندا، رادىيونىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇرغان بېيجىڭ داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتى.

«ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭخۇانى گۈللەندۈرەيلى!» قىسقىغىنا سەككىز خەت ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز قىزغىن مۇھەببىتىنى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز كىشىلىرىنىڭ قالاق قىياپەتنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىشتەك ئورتاق قەلب ساداسىنى تارقاتتى.

«جۇڭگونىڭ ئازراق يېرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ!» 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ بىر ئاخشىمى، مىكرو بلوگ بىردىنلا قىزىپ كەتتى، @كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بۇ مىكرو بلوگنى يوللىغاندىن كېيىن، قىسقىغىنا نەچچە سائەت ئىچىدە نۇرغۇن تورداشلارنىڭ تارقىتىشى، باھا بېرىشى، ئالقىشىغا ئېرىشىپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» ئۇنسۇرلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك گەپ - سۆزلىرىگە كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى قەتئىي قوللىدى.

«تور مەدەنىيلىكى پىدائىيلىرى» ھازىرقى زامان ياشلار ھەرىكىتىنى بارغانسېرى رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى. ھەر قېتىم دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ياكى ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش سۇيىقەستىدىن ئىبارەت خاتا قىلمىشلار كۆرۈلگەندە، ياشلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، جىنايەتكە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەقىقەتنى ياقلىدى.

قان - تومۇرلاردا ئەجدادلارنىڭ گېنى ئاقماقتا، قەدەملەر ئالدىنقىلارنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدىمەكتە، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا، 2000 - يىللاردا تۇغۇلغانلار كۆلۈپ تۇرۇپ ئۆزىگە مۇنداق باھا بەردى: «جۇڭگو ياشلىرى تۇغۇلۇشىدىنلا قىزىل».

### توختىماي ئالغا بېسىپ پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىش —— خەلقنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنى بولۇش

ياشلار ئەڭ جۇشقۇن روھقا، ئەڭ باي ئارزۇغا ئىگە، جەمئىيەتتىكى ھاياتىي كۈچكە ئەڭ باي، ئىجادچانلىق روھنى ھەممىدىن بەك ھازىرلىغان توپ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە يەر بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن قالاق بولۇپ، يەردىن تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق ئېلىش، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى. بېيجىڭدىكى بەش ياش تەشكىلگە بېيجىڭ ياش پىدائىيلىرى بوز يەر ئېچىش ئەترىتى تەشكىللەش تەشەببۇسنامىسىنى تاپشۇردى، خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

ھەرقايسى جايلاردا بەس - بەستە ياشلار بوز يەر ئېچىش ئەترەتلىرى قۇرۇلدى، ئۇلار چېگرا رايونلىرىغا، دېڭىز مۇداپىئە رايونلىرىغا ئاتلىنىپ، جىلغا، چوققا، دېڭىز ساھىللىرىغا يۈرۈش قىلىپ، چۆل - باياۋاننى يۇرت - ماكان قىلىش، مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا يارىتىشقا قەسەم قىلدى!

خېيلۇڭجياڭ بوز يەر ئېچىش رايونىدا، ئەسلىدىكى «بېيداخۇاڭ» ئاللىبۇرۇن «بېيداساڭ»غا ئايلانغانىدى؛ جياڭشى پوياڭخۇ كۆلى بويىدا، ئەينى يىللاردىكى جىلغا، چوققا، ساھىلدا بىر كومسومولار شەھىرى قۇرۇلۇپ، ھازىر بېيجىڭ - جيۇلۇڭ لىنىيەسىدىكى مەرۋايىتقا ئايلاندى؛ جېجياڭ تەيجوۋدا «دېڭىزدىكى قاقاس ئارال»دىن «دۆڭخەيدىكى مەرۋايىت»قا ئايلانغىچە بولغان بۇ 60 نەچچە يىلدىن بۇيانقى داچېنداۋ ئاراللىرىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرمۇ بوز يەر ئېچىش روھىنىڭ كارتىنىسىدۇر...

دۆلەتنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلانى باشلانغان مەزگىلدە، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە يېتەكچىلىكىدە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىر قاتار ياڭراق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ياشلارنى ۋەتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىشقا يېتەكلەپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا ياردەم بېرىپ قوللىدى.

«ئۆزۈن سەپەردە كۈچ ئۆلايدىغانلار بار بولدى». «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى» 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولۇپ جانلانغان ياڭراق نام ئىدى، ھەربىر شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە شۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ يالقۇنلۇق يىللىرى خاتىرىلەنگەنىدى.

شيامېنلىق قىز چېن مېڭيۈ ئەينى يىلدىكى تۆرلۈك - تۈمەن ئىگىلىك تىكلىگۈچى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ قۇرغان ئائىلە مۇلازىمەت شىركىتى نۇرغۇن ئائىلىنى ھەقسىز تەربىيەلىدى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تونۇشتۇردى. ھازىر، ھەر يىلى ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياش ئىگىلىك تىكلەش يولىغا باتۇرلۇق بىلەن ئاتلانماقتا ...

«ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش». يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا رىقابەتنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سودا قورۇقچىلىقنىڭ تېخنىكىلىق توسۇقى ئالدىدا، ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكىنىڭ باشقىلارنى چەكلەش ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاش تەخىرسىز بولۇپ قالدى، ياشلار «ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش» زور قوشۇنىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندى.

«جۇڭگونىڭ كرېمنىي جىلغىسى» دەپ ئاتالغان بېيجىڭ جۇڭگۇەنسۈندە، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا تۇغۇلغان ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ئىگىلىك تىكلەش زور قوشۇنىدىكى بىر بايراققا ئايلاندى؛ گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونىدا تەسىس قىلىنغان شياڭگاڭ - ئاۋمېن ياشلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش سۇپىسى 360تىن ئارتۇق ئىگىلىك تىكلەش ئەترىتىنى جەلپ قىلدى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 4000 كىشىگە يېقىنلاشتى؛ 2014 - يىلدىن باشلاپ، ئۇدا بەش نۆۋەت ئۆتكۈزۈلگەن «ياشلىق دەۋرنى يارىتىش» جۇڭگو ياشلىرى يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى تەخمىنەن 400 مىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئەترىتى، 1 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئىگىلىك تىكلىگۈچى ياشنى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياشلارمۇ قېرىيدۇ، ئەمما ياشلىقنىڭ يېغىلىش سىگنالى ئۈزلۈكسىز توختىماي، ياڭراق ھەم لەرزان چېلىنىدۇ.

### ئۇلغىيىپ جۇش ئۇرىدۇ مەردلىك ئۆزگىرىپ بۇندا جاھان —— دەۋر يېڭى كەيپىياتنى باتۇرلۇق بىلەن يارىتىش

100 يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىم دۆلەتتە زور ئۆزگىرىش بولغاندا، ئىقتىساد، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەر زور تەرەققىي قىلغاندا، دەۋر ئېقىمىدا يېڭىلىق يارىتىلغاندا، جەمئىيەت كەيپىياتىمۇ يېڭىلىنىدۇ... بىز روھلۇق قوشۇن ئىچىدە ياشلار سىيماسىنىڭ كەم بولمىغانلىقىنى بايقايمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، مائارىپنى يولغا قويۇش تەخىرسىز ۋەزىپە بولۇپ قالدى، ياشلارنى ئاساسىي كۈچ قىلغان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئەترەتلىرى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك بارلىققا كەلدى. يېرىم ئەسىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، 2001 - يىلى يېڭى يىل كۈنى جۇڭگو پۈتۈن دۇنياغا ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، قولنى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش، كىيىم - كېچەكنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ئاپتوبۇستا ئورۇن بېرىش، بېلەت سېتىۋالغاندا ئۆچرەتتە تۇرۇش بىزنىڭ ئېڭىمىزغا سىڭگەن ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەتكە ئايلاندى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، «مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، تەرتىپنى ساقلاش، ئەخلاقلىق بولۇش» ۋە «قەلبى گۈزەل، سۆزى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولۇش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى تەشەببۇسى ياشلار ئارىسىدا باشلىنىپ، خۇددى باھار شامىلىدەك تېز سۈرئەتتە پۈتۈن مەملىكەتكە تارىدى. ماھىيەتلىك مەزمۇننىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىشىغا ئەگىشىپ، «بەشنى تەكىتلەش، تۆتتە گۈزەل بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» شۇ دەۋر كىشىلىرىدە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئېسىل سەھىپىسىنى پۈتتى.

قارىلىق ئېگىزلىكتە، جۇڭگو تۆمۈر يولى 17 - ئىدارىسىنىڭ ئىشچىلىرى شىزاڭدىكى ئامىنىڭ «بەخت - سائادەتكە تولغان ساماۋى يول»نى ياساش بىلەن بىللە، ئاجىز ئېكولوگىيەنى كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىدى؛ كۆكتىكى بۇلۇتلار ئارىسىدا، شيامېن ئاۋىياتسىيەسى يولۇچىلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ كۈلۈمسىرىشى «كۆكتىكى ئەڭ گۈزەل كۈلۈمسىرەش» دەپ ئاتالدى؛ لىنئەن ياڭچېڭدا گۇاڭجۇ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ ئاق خالاتلىق پەرىشتىلىرى ھاياتى ئارقىلىق «سارس»قا قارشى تۇرۇشتىكى ياشلىق سەددىچىن سېپىلىنى قۇرۇپ چىقتى...

ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر ئىسمى بار —— «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى». 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپ، ئۇ ياشلارنى كەسىپ ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، كەسىپ يېڭى ئىستىلىنى يېتەكلىدى. 20 نەچچە يىلنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەزگىلىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىگە ئايلاندى، شۇنداقلا ياشلارنىڭ مەڭگۈ دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشىدىكى كۈچلۈك نامايەندە بولۇپ قالدى.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يولباشچىسى، پەقەت يۈكسەك غايە - ئېتىقادنى چىڭىتقاندىلا، ئاندىن ئاڭلىق ھالدا ياخشى ئەخلاق يېتىلدۈرگىلى، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرگىلى، جاپا - مۇشەققەتتە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تىكلىگىلى بولىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)